# 181673 - ئىسلام قارىشىدىكى سىياسەت چۈشەنچىسى

## سوئال

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۆزىنىڭ ئومۇمى ھۆكۈملىرىدە ياكى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا سىياسەت قوللانغانمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

سىياسەت دېگەن ئەرەب تىلىدا، بىر ئىشنى توغرا شەكىل يۆلۈنىشىدە ئىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇش، توغرا بىر تەرەپ قىلىش دېمەكتۇر. [لىسانۇل ئەرەب 6-توم 107-بەت. قامۇسۇل مۇھىت 710-بەت].

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن پەيغەمبەرلەر بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ ئىشلارنى ئىدارە قىلاتتى، بىر پەيغەمبەر دۇنيادىن كەتسە ئورنىغا يەنە بىر پەيغەمبەر كېلەتتى.»** [بۇخارى رىۋايىتى 3455-ھەدىس، ۋە مۇسلىم رىۋايىتى 1842-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "يەنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدە پەيغەمبەرلەر خۇددى پادىشاھ ياكى ۋالىيلاردەك ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولاتتى. سىياسەت دېگەن: ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش دېمەكتۇر".

ئىبنى نۇجەيم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "سىياسەت دېگەن: گەرچە ئوچۇق دەلىل بولمىغان بىر ئىشتا ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ توغرىنى كۆزلەپ، كىشىلەرگە پايدىسى بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر". [بەھرۇر رائىق 5-توم 11-بەت].

ئىبنى خەلدۇن شەرئى سىياسەتنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "شەرئى سىياسەت دېگەن بارلىق ئىشلاردا شەرئەت پرىنسىپىنىڭ تەقەززاسى بويىچە كىشىلەرنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك مەنپەئەتنى كۆزلەپ بىر تەرەپ قىلىشتۇر، چۈنكى دۇنيا ئەھۋالىنىڭ ھەممىسى شەرئەت قارىشىدا ئاخىرەت مەنپەئەتى بويىچە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. سىياسەت دېگەن: شەرئەت ساھىبىنىڭ ئورنىدا دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە دىن ئارقىلىق دۇنيا ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر" [مۇقەددىمەتى ئىبنى خەلدۇن 97-بەت].

يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرگە ئاساسەن، سىياسەت دېگەن ئىسلامنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىسلامدا دىن بىلەن سىياسەتنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق.

مۇشۇ ئېتىبار ۋە بېكىتىشكە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ سىياسەت ئاتالغۇسىغا كېلەيلى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىلغان ھۆكۈملىرىدە، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا توغرا شەكىلدىكى ھېكمەتلىك سىياسەتلەرنى قوللانغان. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سىياسەتنى شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدا-مەنپەئەتىنى روياپقا چىقىرىش، بۇزۇقچىلىقنى ئازايتىش ۋە تۈگىتىش ئۈچۈن قوللانغان. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن كېيىن توغرا يول تۇتقان ئىز باسار خەلىپىلەر ۋە يول باشچى ئىماملارمۇ سىياسەتنى شۇ بويىچە ئىجرا قىلدى. [ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ “تۇرۇقۇل ھېكمىيە” ناملىق ئەسىرى 17-20-بەتلەر].

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.